**ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى**

# «كۆك ـ تاق» «ئاشلىق» بىلەن تەمىنلەشتە مال يېتەرلىك، باھا مۇقىم

ـــ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى زاپىسى يېتەرلىك، تەمىنلەش راۋان بولماقتا

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى ھەققىي قوغداپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىنى تىرىشىپ ساقلىدى. ھەرقايسى جايلار كۆكتات قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەشكىللەپ، كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى، «كۆك ـ تاق» «ئاشلىق» بىلەن تەمىنلەشتە مال يېتەرلىك، باھا مۇقىم بولدى. ھازىر، ھەرقايسى جايلاردا زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ بازار تەمىناتى ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەرلىك، باھا مۇقىم بولۇۋاتىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتى:

**پارنىك قۇرۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى**

«قاراڭ، شۇنچە كۆپ پارنىكلىرىمىزدا خىلمۇخىل كۆكتاتلار ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ، بازار ئېھتىياجلىق بولسىلا، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بازارنى 763 توننا تۈرلۈك كۆكتات بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز» دېدى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرى ئىگەرچى يېزىسى لاڭجۈڭ يۇقارقى چوڭتال كەنتىدىكى كۆكتات تېرىقچىلىق بازىسىدا ئاقسۇ شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئاقنىياز باقى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

كۆكتاتچى لى كاڭ باشقۇرۇۋاتقان پارنىكقا كىرگىنىمىزدە، تال ـ تال خاڭگالار ياپيېشىل بارائىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى، چوققىسىدىكى رەڭدار سېرىق چېچەكلەر سۈس خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. «خاڭگىنى ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر قېتىم ئۈزگىلى بولىدۇ، ھەر قېتىملىق ئۈزۈش مىقدارى 400 كىلوگىرام ئەتراپىدا بولۇپ، بازار ئېھتىياجىنى قامدىيالايدۇ.» لى كاڭنىڭ دېيىشىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ كۆكتات بىلەن تەمىنلىشى ۋە باھاسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ، ئادەتتىكى چاغلارغا ئوخشاش ئىكەن.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، پارنىكتا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تۇتۇپ، بازار تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جيەن مۇنداق دېدى: پارنىكلارنىڭ ئاساسىي سانىنى ۋە ناھىيە(شەھەر)لەرنى كۈندىلىك كۆكتات بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ۋىلايەت ھەرقايسى جايلارنى پارنىك قۇرۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پائال تەشكىللەپ، كۆكتاتچى دېھقانلارنى تۈرلۈك كۆكتاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتىشكە سەپەرۋەر قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخنىك خادىملارنى كەنتلەرگە بېرىپ، پارنىكلارغا كىرىپ كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەشكىللەپ، بىر تۈركۈمى يېغىۋېلىنسا، يەنە بىر تۈركۈم مايسىنى يېتىشتۈرۈپ تېرىش پرىنسىپى بويىچە، ھەر كۈنى 75 توننىدىن 100 توننىغىچە كۆكتات ئىشلەپچىقىرىپ، بازار ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى.

ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى پارنىك سانى 9028گە، كۆلىمى 18 مىڭ موغا يەتكەن بولۇپ، تېرىلغان تۈرلۈك كۆكتاتلار ۋىلايەت بازىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگىچە سېتىلىدىكەن.

قاراماي شەھىرى:

**تەمىنلەش يېتەرلىك، باھا تەكشى، مۇقىم بولدى**

قاراماي شەھىرىدىكى چوڭ كېچىلىك بازار توپ سېتىش بازىرىدا، قاراماي شەھىرى لۇفېڭ تۇزچىلىق، كۆكتات چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى تيەن رۇڭ مۇنداق دېدى: «1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بىز 110 توننا كۆكتات كىرگۈزدۇق، 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كۆكتات كىرگۈزۈش مىقدارىمىز 170 توننىغا يەتتى، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەنە يەتتە توننىدىن ئارتۇق كالا، قوي گۆشى كىرگۈزدۇق، يەنە 2000 توننىغا يېقىن بەسەي، ياڭيۇ، سەۋزە قاتارلىق قىشلىق كۆكتاتلارنى زاپاس ساقلىۋالدۇق».

بۇ توپ سېتىش بازىرى قاراماي شەھىرىدىكى بىرقەدەر چوڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى بولۇپ، ئادەتتە كۈندىلىك كۆكتات سېتىش مىقدارى 100 توننا ئەتراپىدا ئىكەن. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاممىنىڭ «كۆك ـ تاق» ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكان ئېچىش نىسبىتى 100%كە يېتىپتۇ.

«تىجارەتچىلەر پائال تۈردە مال تەييارلىدى، تۈرلىرى شەھەر ئاھالىلىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان بەسەي، ياڭيۇ، لوبو، خاڭگا ھەم تۈرلۈك يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەمىنلەش يېتەرلىك، باھا تەكشى، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ نىشانىمىز پۈتۈن شەھەر خەلقىنى خاتىرجەم كۆكتات يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش» دېدى تيەن رۇڭ.

كۆكتات سېتىۋالغىلى كەلگەن تىجارەتچى لى ئەيەندى مۇنداق دېدى: «بازاردا مال مەنبەسى يېتەرلىك بولۇۋاتىدۇ، گۆش، تۇخۇم، كۆكتات قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، سۈپىتىمۇ يامان ئەمەس، خېرىدارلارنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى تامامەن قامدىيالايدۇ».

ھازىر، قاراماي شەھىرىدە ئاشلىق، ياغ، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ماددىي ئەشيالىرىنىڭ زاپىسى يېتەرلىك، باھانىڭ يۈرۈشۈشى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇپ، بازارغا سېلىنىش مىقدارى ۋە سودا مىقدارىدا كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلمەكتە.

غۇلجا شەھىرى:

**200 بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسى شەھەر ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلدى**

بىرقانچە كۈندىن بۇيان، غۇلجا شەھىرى زاپاس ساقلىغان نەچچە ئون مىڭ توننا تۈرلۈك كۆكتاتنى ئارقا ـ ئارقىدىن بازارغا سېلىپ، كۆكتاتنى بىۋاسىتە سېتىش شەكلىنى قوللىنىپ، مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، بازار تەمىناتىنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، غۇلجا شەھىرىدىكى ئاۋلىن جايىۋەن، بېيىۋەن ئولتۇراق رايونى، ليۇشىڭجيې مەيدانى قاتارلىق جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىلىرىدا، تۈرلۈك كۆكتات، كالا، قوي گۆشى ھەم تۇخۇم، مېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى تولۇق، باھاسى تەكشى، مۇقىم بولدى.

ھازىرغىچە غۇلجا شەھىرى يېزا سودا مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھەرقايسى كوچا باشقارمىسى، مەھەللىلەرنىڭ ماسلىشىشىدا، بەش يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى، 200 يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسى ۋە 100 كۆچمە مال سېتىش ئاپتوموبىلىدىن تەركىب تاپقان ماددىي ئەشيا تەمىنات كاپالىتى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ماددىي ئەشيا تەمىناتىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

شەھەر ئاھالىسى سانىيە مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاھالىلەرگە بولغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، يېڭى كۆكتات ھەر كۈنى ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغىچە يەتكۈزۈلۈۋاتىدۇ، باھاسىمۇ مۇۋاپىق».

شۇنىڭ بىلەن بىللە، غۇلجا شەھەرلىك بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بازار تەرتىپىنى كۈچەپ قېلىپلاشتۇرۇپ، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى ھەم نۇقتىلىق مەيدان ـ سورۇنلارنى چارلاپ تەكشۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ «يېمەكلىك بىخەتەرلىكى»گە كاپالەتلىك قىلدى.

چۆچەك شەھىرى:

**ئۇن پىششىقلاش كارخانىسى ئاشلىق تەمىناتىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى**

يېقىندا شىنجاڭ چۆچەك چۇلۇ ئاشلىق ـ ياغ گۇرۇھى ئۇن پىششىقلاش چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ، چۆچەك شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى، چۆچەك شەھەرلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇۋاتقان خىزمەتچى خادىملاردىن ھال سورىدى، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان چۇلۇ ئۇنى ھەم كالا سۈتى، قوي گۆشى، مېۋە ـ چېۋە، قېتىق قاتارلىق 4500 يۈەن قىممىتىدىكى ھال سوراش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزدى.

يۇقۇم ئالدىدا، بۇ شىركەتنىڭ پۈتۈن خادىملىرى ئۇن پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇردى. شىركەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋەن جىنگو مۇنداق دېدى: «جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغاندا، بىز كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۈچ قوشىمىز. بىز چۆچەك شەھىرىدە ئۇن تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە بېرىمىز».

**(پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز شيا چىڭ، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن ليۇ خۇڭبىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز بالغىن، گو جۈنسەي، ۋاڭ فېي، چېن شياۋدەن، جوۋ فاڭ يازغان)**

# يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىركىمە كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**■ يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسىمىز**

«باش شۇجى شى جىنپىڭ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، دەپ تەكىتلىدى.» ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ جيەنگو مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە ـ ساغلاملىق تارماقلىرى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق، دەل، تېخىمۇ كارغا كېلىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپى بويىچە، ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى بېكىتىلگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۈنىۋېرسال كۈچىنى داۋالىنىش تەڭشەپ سەرخىللاشتۇردى.

«ھازىرقى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىي تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «1 ـ ئاۋغۇست» تەۋەلىك رايون باشقۇرۇش كومىتېتى تېلېگىراف مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى جىڭ بىن مۇنداق دېدى: «بىز تېخىمۇ كۆپ زېھنىمىزنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە قارىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئەمەلىي ئىشلەپ، ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك».

كوچا، مەھەللىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، كۆزىتىپ ئۆلچەش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى مۇھىم ھالقا. تېلېگىراف مەھەللىسىدە كۆچمە نوپۇس بىرقەدەر كۆپ، مەھەللىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ۋە پېدائىيلار ئۆز خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي مۇستەھكەملىدى، ئاھالىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ مال سېتىۋېلىشى، توپلىشىپ قېلىشىنى ئۈنۈملۈك ئازايتىش ئۈچۈن، مەھەللە كادىرلىرى ئولتۇراق رايوندىكى تەكسە باھالىق كۆكتات دۇكىنىنىڭ نورمال تىجارىتىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، «ئۈندىداردا ئالدىن كېلىشىش، ئىشىك ئالدىغىچە كۆكتات يەتكۈزۈش»تەك خەلققە قولايلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

**■ ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ كېسەللىك بىلەن ئېلىشىمىز**

«باش شۇجى شى جىنپىڭ: پەرقلەرنى تېزدىن تېپىپ چىقىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى ئىشلەپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.» ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئىستېمال بۇيۇملىرى سانائىتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋاڭ چىڭ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت بۇ تارىنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇشىمىز، ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. ھازىر، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ماسكا، ئايرىش كىيىمى، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب يوقىتىش بۇيۇملىرى قاتارلىق جىددىي ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالارنى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللىدى، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب يوقىتىش بۇيۇملىرىنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارى ئېھتىياجنى ئاساسىي جەھەتتىن قامدىيالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالاقىدار تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىشى ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

«جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرلەشىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىرلەشىپ يۇقۇمنى تىزگىنلەش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك مۇلازىمىتىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماسكا، مۇداپىئە كىيىمى، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكىگە، توشۇشنىڭ راۋانلىقىغا، تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنىڭ ۋاقتىدا بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى مەردان مۇقىيت.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مالىيە نازارىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىش جىددىي تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، ھەققىي تۈردە مەبلەغ توپلاش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەبلىغىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىنى كۈچلۈك مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

**■ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھەر تەرەپلىمە قوللاش بىلەن تەمىنلەيمىز**

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىر مەيدان توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى، شۇنداقلا بىر مەيدان ئومۇمىي جەڭ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بىر مەيدان كەسكىن كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قوللاش بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت سىستېمىسىدىكى 6000دىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى ـ كادىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ساھە بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ 24 سائەت توختاپ قالماسلىقىنى، ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇردى. 15 مىڭ پارچە «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇستىن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى ۋە خادىملار ترانسپورتىنى تەكشۈرۈش ئاپتوموبىل يۈرۈش كىنىشكىسى»نى بېسىپ، يۈرۈش كىنىشكىسى بار ئاپتوموبىللارنىڭ يېشىل يولدىن ئاۋۋال ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا جىددىي تاقابىل تۇرۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى يېشىل يولنى ئاچتى، پۈتۈن جەمئىيەتكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش ۋە تاشيولنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش تېلېفونىنى ئېلان قىلدى... «قاتناش ـ ترانسپورت تارمىقى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرى ھەم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ توشۇلۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر ھەسەنجان ئەخمەت.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا تىرىشىپ كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.» ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى يۈرۈشتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى باھارگۈل ئابلا مۇنداق بىلدۈردى: «بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلىنىپ تەدبىر قوللىنىپ، ھەرقايسى جايلاردا زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بازار تەمىناتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشى، مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بىز مەسىلە ھەل قىلىشنى يۈزلىنىش قىلىپ، بازارنى كۈندىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مېخانىزمىنى ۋاقتىدا ئورنىتىپ، بازارنىڭ تەمىنات ـ ئېھتىياج ئەھۋالىنى ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا توغرا يوللاپ، بازارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە جىددىي بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى ئىشلەيمىز».

ھازىر، شىنجاڭ شۇفېڭ مەبلەغ سېلىش پاي كونترول چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى توشۇشقا مەسئۇل بولغان ئالدىنى ئېلىش ـ مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرى ئۇلۇغچات ناھىيەسى، نىلقا ناھىيەسى قاتارلىق جايلارغا يەتكۈزۈلدى. شىركەت پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر كاڭ جيەن مۇنداق بىلدۈردى: شىركىتىمىز ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئالدىنى ئېلىش ـ مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرىنى بىرىنچى ۋاقىتتا يەتكۈزۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىنىڭ جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.

**(پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز شى شىن، چاۋ جىن، يۈەن لېي، ياڭ شۈخەن، ما يىنىڭ، مېھرىگۈل ناسىر، چېن چياڭۋېي، لۇ فېڭباۋ، خېي خۇڭۋېي يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگىراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)